# ئىزدىنىش

(تاللانما)

2
1998

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1998-يىل 2-سان

(ئومۇمىي 116-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1997-يىللىق 22-، 23-، 24-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


**دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويايلى ...................... لۇ يۇڭشياڭ(2)**

**يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي كۈچەيتىش لازىم...................................... دۇەن يىڭبى(12)**

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ھەققىدە ..................... **دەي جۇ(24)**

شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقى مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن ئومۇمىي بايان ...................................... **جۇڭ شېڭ، چېن جىن(42)**


**★2-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا پېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويايلى

لۇ يۇڭشياڭ

1995-يىل 5-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن شانلىق ئىدىيىسىگە، خەلقئارا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ۋە دۆلىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى، بۇ پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدە غايەت زور ئىنكاس پەيدا قىلدى. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا يولداش جياڭ زېمىن دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش لازىملىقىنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتتى. بۇ—دۆلىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىستراتېگىيىلىك نىشانى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ روناق تېپىشىنىڭ مۇقەررەر يولى.

خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسەتكىنىدەك: "دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىزمنى زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشتە زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە." («جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز») بىز پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

---

# دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش — جۇڭگونىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىستراتېگىيىلىك نىشانى

19-ئەسىردىلا، ماركس بىلەن ئېنگېلس 17-ئەسىردىكى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ، 18-ئەسىردىكى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ھەمدە 19-ئەسىردىكى ئىلىم-پەن چوڭ تەرەققىياتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا كۆرسەتكەن زور تەسىرىنى ئەتراپلىق خۇلاسىلەپ، پەن-تېخنىكا — ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، تارىخنىڭ كۈچلۈك پىشاڭى، ئەڭ يۇقىرى مەنىدىكى ئىنقىلابىي كۈچتۇر، دەپ كۆرسەتكەنىدى. 20-ئەسىردىكى دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي ھۆكمىنى ئىسپاتلىدى. 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىن بۇيان، نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە كۋانت نەزەرىيىسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ چىققان يادرو ئېنېرگىيىسى تېخنىكىسى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسى ۋە بوشلۇق تېخنىكىسى ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تارىخىدىكى يېڭى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە سانائەت ئىنقىلابىنى ئېلىپ كەلدى. 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن، يېڭى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىردى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلاردا بۆسۈش خاراكتېرلىك زور تەرەققىياتلار بولدى، ئۇچۇر تېخنىكىسى، بىئولوگىيىلىك تېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال تېخنىكىسى، يېڭى ئېنېرگىيە تېخنىكىسى، ئىلغار ياساش تېخنىكىسى قاتارلىقلار ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ زور دەرىجىدە يۇكسىلىشىگە تۈرتكە بولدى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئېلىپ كەلدى. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئامېرىكىدا 80-يىللاردىكى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا نىسبەتەن تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 60% تىن ئېشىپ كەتكەن، دۆلىتىمىزدە 90-يىللاردىكى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشىغا نىسبەتەن تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 39% كە يەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە، پەن-تېخنىكا بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ۋە خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى، پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە پەن-تېخنىكىغا تايىنىش زامانىمىزدا دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى بېيىتىشنىڭ مۇقەررەر يولىدۇر.

دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، نۇرغۇن دۆلەتلەر مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سودا ئارقىلىق دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بىرقانچە تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن، يېقىندىن سانائەتلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك باسقۇچتا تۇرماقتا، نۇرغۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسا مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەزىپىنى تېخى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولالمىدى. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئومۇمەن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەسپىي مائارىپ

ۋە تېخنىكا ماتارىيېنى تەرەققىي قىلدۇرغان، ئالىي ماتارىپنى كۈچەيتكەن، ئۆمۈرلۈك ماتارىپنى تەشەببۇس قىلغان. ھازىر، شەرقىي ئاسىيادىكى يېڭىدىن سانائەتلەشكەن دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىپ بېرىشىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىل بەلگىلىك باشلانغۇچ تەربىيە كۆرگەن، سۈپىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان مەلىكىلىك ئەمگەك كۈچى قوشۇنىدۇر، دېگەن قاراش خەلقئارادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان قاراش بولۇپ قالدى. دۇنيا بانكىسىنىڭ بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتىدا ماتارىپ بىلەن ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت مۇنداق تەھلىل قىلىنغان: شەرقىي ئاسىيادىكى يېڭىدىن سانائەتلەشكەن دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنىڭ تەخمىنەن 58 پىرسەنتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنىڭ نەتىجىسى، تەخمىنەن 35 پىرسەنتى شەكىللىك مەبلەغنىڭ نەتىجىسى، ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنىڭ رولى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دۆلىتىمىز ماتارىپنىڭ رولىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمىتىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىغا يۆتكەشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

ماتارىپ دۆلەتنىڭ دۆلەت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، پەن-تېخنىكا دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ يولى، بۇ دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تەرەققىيات تارىخىنىڭ توغرا ھەم ئاددىي يىغىنچاقلىنىشى بولۇپ، بازغانسېرى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماقتا. يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان 21-ئەسىردە، پەن-تېخنىكا ۋە ماتارىپنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى يەنىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ، 21-ئەسىر يەر شارى بويىچە ئومۇملاشقان ئەقلىي ئىگىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئەسىرگە ئايلانغۇسى. ئەقلىي ئىگىلىك بىلىم ۋە ئۇچۇرنىڭ پەيدا بولۇش، تارقىلىش ۋە ئىشلىتىلىشىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، يېڭى بىلىمنى ياراتقان، ئىگىلىگەن ۋە تېخنىكىنى پىششىق ئىگىلىگەن ئەقلىي ئەمگەكچىلەر دۆلەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىغا ئايلىنىدۇ. دۆلىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچىنچى قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 21-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىش ئۈچۈن، چوقۇم زور كۈچ بىلەن پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت-سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پەن-تېخنىكىدا ئۆز ئالدىمىزغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، دۇنياۋى ئەقلىي ئىگىلىك دەۋرىنىڭ سىنىقىنى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ زامانىمىزدىكى ماركسىزمچى ئىستراتېگىيىچىگە خاس ئۆتكۈر كۆرۈنۈش ئىقتىدارى بىلەن، ”پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى“ دېگەن دانا ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشى دەل خەلقئارا تەرەققىياتنىڭ بۇ خىل زور يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگىلىگەنلىكىدىن بولدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە ماتارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت دانا تەدبىرنى دەل ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ—ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئۇتۇقلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ توغرا يولىدۇر. دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە ماتارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ

سوٚپتى ۋە سەۋىيىسى جەزمەن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە يېڭى ئازادلىق ۋە تېخىمۇ زور تەرەققىيات بارلىققا كېلىدۇ.

## دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا قايسى تەرەپلەردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك

دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، بىزدىن پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن پىتەكچى ئىدىيىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، خەلقئارا تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتى ۋە يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگەللەپ، مەملىكىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچىنچى قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ۋە سىجىل تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا دۇچ كەلگەن غايەت زور سىناقنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىپ، يۈرەكلىك ھالدا يېڭىلىق يارىتىپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**بىرىنچى، كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىش.** بىز يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پەن-تېخنىكا—بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش—جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى دېگەن ئىدىيىۋى كۆزقاراشنى تىكلىشىمىز كېرەك. كەلگۈسىدىكى پەن-تېخنىكا، بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئۈنۈمى بىر سال دۆلەت كۈچىگە، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان غايەت زور تەسىرىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، مائارىپنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچلۇق ئورنىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي تۈردە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىغا يۆتكىشىمىز كېرەك. ”مائارىپ ۋە ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇش—مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۇللۇق ئىش.“ پۈتۈن پارتىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كۆزقارىشىنى مۇستەھكەم تىكلىگەندە، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئۇلۇغ ئىشىغا ئاڭلىقلىق، ئاكتىپلىق بىلەن ئاتلىنالايدۇ.

**ئىككىنچى، تەشكىلي جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش.** دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ھەم دۆلەت ئىستراتېگىيىسى ۋە ھۆكۈمەت ھەرىكىتى، ھەم مىللەتنىڭ تارىخىي بۇرچى ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى؛ ھەم دۆلەت ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى، ھەم خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنىڭ نامايەندىسى. دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا

قويۇشتا، چوقۇم تەشكىلىي جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش، رەھبەرلىك كۈچلۈك، سىياسەت مۇۋاپىق، تەدبىر ئاقىدىغان، ھەممە خەلق قاتنىشىدىغان بولۇشى كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندا ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگىلى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. 1996-يىلى قۇرۇلغان دۆلەت پەن-تېخنىكا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئىشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ. پارتىيە-ھۆكۈمەت "بىرىنچى قول رەھبەرلىرىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى تۇتۇشى"نى زور كۈچ بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە داۋاملىق تەشەببۇس قىلىپ، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇش كېرەك. كادىرلارنى "تۆتلەشتۈرۈش" فاكجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ھەمدە بۇنى كادىرلارنى تەربىيىلەش بىلەن كادىرلارنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، دىڭ شياۋپىڭنىڭ پەن-تېخنىكا ئىدىيىسىنى ۋە ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئالىملار، پېداگوگلاردىن كەمتەرلىك بىلەن مەسلىھەت سوراپ، مۇھىم ئىشلارنى قارار قىلغاندا كەڭ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىنى ۋە تەكلىپىنى ئاڭلاپ، قارار قىلىشتىكى ئىلمىيلىك ۋە دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**ئۈچىنچى، قانۇن، نىزام ۋە سىياسەت جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش.** دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، چوقۇم پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇشتا، ئىلمىي تەدبىر كۆرۈشكە ۋە ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ۋاقتى-ۋاقتىدا سىياسەتنى تەڭشەش، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. خۇددى 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى، ئىختىساسلىق خادىملار بولسا پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقىدۇر، دۆلەتنىڭ يىراق كەلگۈسى ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلقئارا پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىگەللەپ، ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ، ئومۇمىيەتنى بىر پۈتۈن كۆزدە تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بەزى ئىشلارغا تۇتۇش قىلىش، بەزى ئىشلارغا تۇتۇش قىلماسلىق، ئاساس خاراكتېرلىك تەتقىقات ۋە يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، يۇقىرى تېخنىكىنىڭ كەسىپلىشىشىنى تېزلىتىش، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىلىشىنى تېزلىتىش كېرەك. كۈچىنى ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى چوڭ ۋە ئاچقۇچلۇق تېخنىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا قارىتىپ، پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قېلىپلاشقان، ئادىل رىقابەت ئاساسىدىكى بازار ئىگىلىكى مۇھىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، كارخانىلارنى تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئىلغار تېخنىكىنى نۇقتىلىق ۋە نىشانلىق قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، كارخانىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات، كەشپىيات ۋە سىنىما سۇبيېكتىغا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ھەر جەھەتتىكى ئاكتىپلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، كەسپىي مائارىپنى ۋە چوڭلار مائارىپىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، ئالىي مائارىپنى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. مائارىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، مائارىپ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەش، سۈپەت تەربىيىسى بىلەن ئىقتىدار تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىسى ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنىڭ ئىقتىساد بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شارائىتى يار بېرىدىغان ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ-ئالىي تېخنىكوملار ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈش يولىغا مېڭىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز ئىشكىنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، پارتىيىنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

**تۆتىنچى، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش.** بىز دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قاتار زور تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق ياكى بېكىتىپ چىقتۇق، ئەگەر مۇشۇ تەدبىرلەر ئەمەلىيلەشسە، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا جەزمەن تۈرتكە بولىدۇ. پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپقا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش، 2000-يىلغا بارغاندا پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە تەتقىقات، كەشپىيات راسخودىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگەللىگەن نىسبىتىنى %1.5 كە يەتكۈزۈش، مائارىپ راسخودىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگەللىگەن نىسبىتىنى %4 كە يەتكۈزۈش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىننىڭ «دۆلەت پەن-تېخنىكا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 3-قېتىملىق يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»گە سالغان مۇھىم تەستىق سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، «دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئاساسىي تەتقىقات تەرەققىيات پىلانى»نى تۈزۈپ، چوڭ-چوڭ پەن-تېخنىكا قۇرۇلۇشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق پەن-تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇش ئىشىنى داۋاملىق ياخشى تەشكىللەپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. ”تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى“نى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. يۇقىرى پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەسىپلەشتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىش. يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچۇرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى ۋە سۇ تېجەيدىغان يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىدىكى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تاۋارلىشىشقا، مەخسۇسلىشىشقا ۋە زامانىۋىلىشىشقا بۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. "211" قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مائارىپ بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرگەن بىرمۇنچە نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نۇقتىلىق ھالدا بىر تۈركۈم دۆلەت نۇقتىلىق پەن تەتقىقات بازىسىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. "ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى"نى يولغا قويۇپ، زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. چەت ئەلدە ئوقۇغانلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىشلىشىگە ياكى مۇۋاپىق شەكىل بىلەن ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. ئولتۇراق ئۆي، داۋالاش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن خەلقنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ھەر يەر، ھەر كەسىپنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق ئۆلكىنى گۈللەندۈرۈش، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق شەھەرنى گۈللەندۈرۈش، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق كەسىپنى گۈللەندۈرۈش، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق نامرتلارغا يار-يۆلەك بولۇش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك سىياسەت تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشنى پائال، پۇختىلىق بىلەن ئالغا سۈرۈپ، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئەسىر ھالقىيدىغان بۈنداق چوڭ ئىشنى پۇختىلىق بىلەن ياخشى ئىشلەش لازىم.

## دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە

دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيە. دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، بىز تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە چوڭ مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ

قىلىشىمىز لازىم.

**دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بىلەن پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى دۆلەتنىڭ كۈچى بىلەن گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتى.** پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش نىشانىغا يەتكىلى بولىدۇ. دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى گۈللەندۈرۈش لازىم؛ پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، جەزمەن پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە مەبلەغ سېلىشتا. پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشكە بولغان تۆھپىسىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ۋە ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسى، كۈلمى ۋە مېخانىزمىنى تېزرەك قۇرۇپ چىقىپ، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنى ئىرەپ تۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش لازىم. يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ تارىخى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ مەبلەغنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان ھەمدە كۆپ پايدىنى كەلتۈرىدىغان ئىش. ”دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش“ بىلەن ”پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى دۆلەتنىڭ كۈچى بىلەن گۈللەندۈرۈش“ بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**پەن-تېخنىكا بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتى.** مائارىپ—پەن-تېخنىكىنىڭ ئاساسى. پەن-تېخنىكا پائالىيىتى—بىلىم ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مەنبەسى. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى پەن-تېخنىكا خادىملىرى كېرەك، مائارىپ بولسا پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان بازا. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئەڭ يېڭى بىلىم بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەڭ يېڭى بىلىم ساھەسىنى ئاچىدىغان ۋە ئەڭ يېڭى بىلىملەرنى ئىگەللىگەن خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ، شۇ ئارقىلىق يېڭى مائارىپ مەزمۇنى بىلەن تەمىنلەش ۋە مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايدۇ. دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ ئاساسى پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتۇر، بۇ ئاساسەن مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. پەن-تېخنىكا بىلەن مائارىپ بىر-بىرىنى قوللايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مائارىپنى تۇتماي بولمايدۇ.“

**دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى بىلەن سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى.** دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى بىلەن سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىمۇ بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دۆلەتنى پەن-

تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش يولىنى تۇتقاندا، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ سىجىل تەرەققىيات يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئىلمىيلىشىشى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى سىجىل تەرەققىياتنىڭ تەۋرەنمەس ئاساسى ۋە تۈپ تەلىپى. بايلىقنى مۇۋاپىق ئېچىش، بايلىقتىن پايدىلىنىش سەۋىيىسى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ مۇھىت ئاسراش بىلەن بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش، نوپۇسنى تىزگىنلەش بىلەن ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە زامانىۋى پەن-تېخنىكىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئاچقۇچى توغرا، ئىلمىي بولغان تەرەققىيات كۆزقارىشىنى تۇرغۇزۇشتا.

**بازار مېخانىزمىنىڭ ئاساسلىق رولى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى باشلامچىلىق رولى.** سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، چوقۇم بازار مېخانىزمىنىڭ ئاساسلىق رولىنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئادىل بولغان بازار رىقابىتى مۇھىتى ۋە يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىۋاتقان ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە ھەمكارلىقنىڭ تۈرتكىسىدە، كارخانىلار ئاڭلىق ھالدا پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى كارخانىنىڭ جېنى دەپ قارايدىغان بولىدۇ، پۇقرالار ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنىڭ پەن-تېخنىكا ساپاسىنى ۋە ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى كەسپىي قابىلىيەتنىڭ ھالقىلىق ئامىلى دەپ قارايدىغان بولىدۇ، دۆلەت بولسا پەن-تېخنىكا تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىي دۆلەت كۈچىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى دەپ قارايدىغان بولىدۇ. بازار مېخانىزمى پەن-تېخنىكا خىزمىتىنىڭ نىشانى ۋە مۇھىم نۇقتىلىرىنى تاللاش، پەن-تېخنىكا بايلىقىنى تەقسىملەش، پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشى، سۈرئىتى ۋە كۆلىمىنى بەلگىلەش، ئىجتىمائىي بايلىقنى پەن-تېخنىكىغا سېلىش، بولۇپمۇ ئەمەلىي تەتقىقات ۋە تەرەققىياتقا سېلىش جەھەتلەردە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ رولى ئاساسەن تۆۋەندىكىچە: پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى يولغا قويۇشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىش؛ مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قائىدىگە سېلىش، زور ئىستراتېگىيىلىك يۆنىلىشكە يېتەكچىلىك قىلىش؛ پەن-تېخنىكا، مائارىپقا قارىتا ئاساسلىق مەبلەغلەرنى سېلىش (دۇنيادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەرگە ئوخشاشلا، ئېلىمىزدە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، ھۆكۈمەت يەنىلا پەن-تېخنىكا، مائارىپقا ئاساسلىق مەبلەغ سالغۇچىدۇر)؛ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە مەدەتكار بولۇش، ھەمدە ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش رولىنى ئويناش.

ھازىردىن باشلاپ 21-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان ۋاقىت ئېلىمىزدە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 3-قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل، شۇنداقلا

دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم باسقۇچ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، بىز پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشكىنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئېلىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا، مائارىپ ۋە كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ، تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى تېزرەك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

**(ئاپتور: جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىگى)**

**كاملجان تۇرسۇن**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: قاھار پولات**

**دولقۇن قادىر**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي كۈچەيتىش لازىم

دۇەن يىڭبى

يېزا ئىگىلىكىگە يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئاساسنى چىڭداپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق، ساغلام، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ئەسىر ھالقىيدىغان كۈرەش نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئىقتىسادىي خىزمەتتە يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك

خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش كېرەك، بۇ—ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى. مەملىكىتىمىز چوڭ مەملىكەت، مەملىكىتىمىزدە 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالە، 900 مىليون دېھقان بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنى ۋە رولى ئالاھىدە روشەن. خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق ئۆسۈپ بېرىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش ھەممە قەتئىي ھالدا ئۇنى ئۇزۇن مەزگىللىك ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېن دەپ قاراش كېرەك.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئېشىپ، يېزا جەمئىيىتى مۇقىم بولدى. بۇ ئاساسلىقى خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، توغرا يېزا ئىگىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىغانلىقتىن بولدى. يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنغان ئەھۋال ئاستىدا، چوقۇم كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلىشىمىز لازىم، يېزا ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەنلا يېزا ئىگىلىكىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقىنىڭ كىلىمات شارائىتى بىلەن ئىنتايىن چوڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇنى پۈتۈنلەي يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇمپېرسال ئىشلەپچىقىرىش

ئىقتىدارىنىڭ ئىنكاسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ؛ نۆۋەتتە بىر قىسىم جايلاردا كېلىپ چىققان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش تەس بولۇش ئەھۋالى كۆپىنچە قۇرۇلمىلىق، ۋاقىتلىق خاراكتېرگە ئىگىدۇر. يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ، يېرى ئاز بولۇش ئەھۋالى ئۆزگەرمەيدۇ، يېزا ئىگىلىكـ نىڭ «تەڭرىگە تايىنىپ جان بېقىش» ۋەزىيىتىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرمەيدۇ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنى تېخى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، ئۇ يەنىلا خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى ئاجىز ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئاساسنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم ئېشىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش يەنىلا ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق ۋاقىتتا بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش ۋە سانائەتلىشىشنى تېز ئالغا سۈرۈش باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇ جەرياندا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى مەھسۇلات قىممىتى نىسبىتى قەدەممۇقەدەم كىچىكلەپ بارىدۇ، بۇ مۇقەررەردۇر. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنىنى ۋە رولىنى ئىنكار قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بولۇپمۇ ئاشلىقنىڭ مۇقىم ئېشىپ بېرىشى ئومۇمىي ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ زۆرۈر شەرتى؛ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تايانچ كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشىمىزگە بولىدۇكى، ئەگەر بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى توغرا يېزا ئىگىلىك سىياستى بولمىغان بولسا، يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىنمىغان بولسا، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مىقدارى ئېشىپ بارمىغان بولسا، بىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە «سىلىق تەگىشەش»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا بۈگۈنكىدەك بۇنداق سۈرئەت تېز، مال باھاسى تۆۋەن بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى. شۇڭلاشقا، بىز پۈتكۈل سانائەتلەشتۈرۈش جەريانىدا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي كۈچەيتىشىمىز، ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىنى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىنى ساقلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى نوپۇس ئۆزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان، تېرىلغۇ يەر ئۈزلۈكسىز ئازىيىۋاتقان شارائىت ئاستىدا، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يېمەكلىكلەرنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتىگە نىسبەتەن بارغانسېرى ئۆرلەۋاتقان ئېھتىياجىنى قامداش، سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خام ئەشيا ۋە كەڭ بازار بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىشىمىز لازىم.

ئىقتىسادىي خىزمەتتە يېزا ئىگىلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چېك تۇرۇش پىلان تۈزۈش، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش، مەبلەغ سېلىش ۋە خىزمەتتە زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىشى لازىم، بۇنىڭدىكى يادرولۇق مەسىلە بولسا سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇۋاپىق بولغان تەرەققىيات سۈرئىتىنى ساقلاش. سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، شەك-شۈبـ

ھىسىزكى، جەزمەن قۇدرەتلىك سانائەت بولۇشى كېرەك. بىراق تارىخىي تەجرىبىلەر قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق ۋاقىتتا سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى بەدەل قىلىشقا بولمايدۇ، يېزا ئىگىلىكى ئاجىزلاشتۇرۇلسا، خەلق ئىگىلىكىدە نىسبەت بۇزۇلۇپ، ئومۇمىي ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە داۋالغۇش يۈز بېرىپ، تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، چوقۇم ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، مىللىي دارامەت تەقسىماتى ئەندىزىسىنى ياخشىلاپ، تەقسىماتنى مۇۋاپىق ھالدا يېزا ئىگىلىكىگە ئېغىتىش لازىم. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ قايتۇرۇلۇش نىسبىتىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەرنىڭكىدەك يۇقىرى بولماسلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش دائىم سەل قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ، نەتىجىدە يېزا ئىگىلىكى دۆلەتنىڭ مالىيە ۋە كرېدىت پىلانىدا ئىزچىل تۈردە بىرقەدەر كىچىك نىسبەتنى ئىگىلەپ كېلىۋاتىدۇ، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ جەزمەن تەڭشەش لازىم.

## 2. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك

مەملىكىتىمىزدە قۇرغاقچىلىق، سۇ قىس بولۇش ئەھۋالى ئېغىر، كەلكۈن، ھۆلچىلىك ئاپىتىمۇ دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تولىمۇ پايدىسىز. ”تەڭرىگە تايىنىپ جان بېقىش“ ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشتىكى مۇھىم بىر چارە سۇ ئىنشائاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى مەركەز قىلغان يېزا ئىگىلىك ئاساسىي ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چوڭ دەريالارنىڭ تاشقىنىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ سۇ مەنبەلىرىنى كۆپەيتىپ، سۇ تېجەيدىغان سۇغىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش لازىم. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئىچىدە، ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلار %70نى ئىگەللەيدۇ، بۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرۇشتا ئاساسلىق چەكلەپ تۇرغۇچى ئامىل، شۇنداقلا بۇندىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا ئاساسلىق يوشۇرۇن كۈچ. ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم ھالقا ئامىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قەتئىي بوشاشماي ئىشلەش. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك سېلىنمىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش لازىم، نۆۋەتتىكى يېزا ئەمگەك كۈچلىرى ئوشۇق بولۇش، ئەمگەك كۈچى بىرقەدەر ئەرزان بولۇش شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ھەققىي تۈردە كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ

ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى بىرقەدەر زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى قۇرۇلۇشىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ناچار، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ناچارلىقىدۇر. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز سۇ، تۇپراقنى ساقلاش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇمنى تىزگىنلەش ئىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىپ كېتىش يۈزلىنىشى تېخى كونترول قىلىنغىنى يوق. 90-يىللاردىكى يېڭى تېلېتېخنىكىلىق تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش كۆلىمى يەنىلا پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ 38 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ، ھەر يىلى دەريالارغا ئېقىپ كىرىۋاتقان لاي قۇمنىڭ مىقدارى بەش مىليارد توننا بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى ئېقىمدا سۇ، تۇپراق ئېقىپ كېتىپ، يەرلەر بارغانسېرى نېپىزلەپ كېتىدىغان، تۆۋەن ئېقىمدا قۇم تىنىپ قېلىپ، توغانلار بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نۇرغۇن تاغلىق رايونلاردا تاغ باغرىدا كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈۋاتىدۇ، نۇرغۇن يايلاقلاردا نورمىدىن ئارتۇق مال بېقىلىۋاتىدۇ. قۇم بېسىپ كېتىش كۆلىمى يىلمۇيىل كېڭەيمەكتە، ئاز بىر قىسىم جايلاردا ئادەملەر قۇمنى تىزگىنلىيەلىگەن بولسىمۇ، بىراق نۇرغۇن جايلاردا يەنىلا تىزگىنلىيەلمەيۋاتىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەت مۇبادا ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنمىسا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى مۇقىم ئاشۇرۇش تەسكە چۈشۈپلا قالماي، كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ زىيان يېتىدۇ. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى ئېچىلىش ھارپىسىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن ۋە زۇڭلى لى پىڭ سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ۋە چۆللىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسى توغرۇلۇق مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، پۈتۈن خەلقنى كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، قاقاسلىقلارنى كۆكەرتىپ، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى قۇرۇشقا چاقىردى. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم بىر ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇنىڭغا چوقۇم يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى قۇرۇپ، چۆللىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشتۇر، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىپ، بۇ قۇرۇلۇشنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتە بولسۇن ياكى قۇملۇق، تاغلىق رايونلارنى ئۇنىۋېرسال ئېچىشتا بولسۇن، ئاما ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى ياراتتى، پەقەت مۇشۇ جەھەتتىكى سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتسەك ھەمدە قەتئىي بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكلا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى يىلمۇيىل ياخشىلىيالايمىز، ھەتتا ئۇنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلەيمىز.

يېزا ئىگىلىكى بويىچە يېڭى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان، دۇنيا بويىچە يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسى ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پۈتۈن دۇنيا بويىچە ھەر گېكتار يەردىن ئېلىنغان ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلىغا

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.4 كىلوگرام ئاشقان بولسا، 50-يىللاردىن 80-يىللارغىچە، سۈپەتلىك ئۇرۇغ يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ۋە پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىدا بۆسۈش ھاسىل بولغانلىقى، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە يېزا ئىگىلىك دورىلىرىنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلگەنلىكى ئارقىسىدا، ھەر گېكتار يەردىن ئېلىنغان ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 43 كىلوگرام ئاشقان بولۇپ، بۇ ئالدىنقى 50 يىلدىكىنىڭ 30 نەچچە ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. 80-يىللار كىرگەندىن بۇيان، دۇنيا بويىچە يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى، گېن قۇرۇلۇشىنى يادرو قىلغان ھازىرقى زامان بىئوتېخنىكىسى يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا نۇرغۇن ئالاھىدە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، سۈپەتلىك يېڭى سورتلار كەشىپ قىلىندى، بۇنىڭ بەزىلىرى تاۋارلاشقان ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. چوڭ كۆلەملىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك زاۋۇتلاشقان تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق ئىشلىرى گۈللەنمەكتە، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۆزگەرمەكتە. يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەردىن مىكرو ئورگانىزملارغا، قۇرۇقلۇقتىن دېڭىز-ئوكيانلارغا قاراپ كېڭىيىپ، كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا يۈزلەنمەكتە. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جەزمەن بىز ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغان مۆجىزىلەر يارىتىلغۇسى، كېيىنكى ئەسىردىكى يېزا ئىگىلىكىدە جەزمەن زور بۆسۈشلەر بولغۇسى. بىز يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنىڭ غايەت زور رولىغا چوقۇم ئېتىبار بىلەن قاراپ، دۇنيا يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئېنىق تونۇپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى يېڭى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، بۇنى ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى قىلىپ، ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېڭى ئەسىردە يېڭى تۇسكە كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش، يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈش—بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سېلىنمىنى كۆپەيتىشكە موھتاج. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مالىيە ۋە كرېدىت مەبلىغىنىڭ يېزا ئىگىلىككە ئىشلىتىلىدىغان سالمىقىنى چوڭ كۆلەمدە يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كوللېكتىپ ۋە دېھقانلارنى يېزا ئىگىلىككە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىشكە، بولۇپمۇ ئەمگەك جۇغلانمىسىنى ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ سېلىنمىسى ۋە مالىيە جەھەتتىكى سېلىنمىغىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ، يېڭى ئوي-پىكىر ۋە يېڭى چارە بولۇش كېرەك. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سېلىنغان مەبلەغنى قايتۇرۇپ كېلەلەيدىغان بىر قىسىم تۈرلەرگە قارىتا، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېھقانلارنى ۋە سودا-سانائەت كارخانىلىرىنى مەبلەغ سېلىشقا باشلاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم؛ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى، ئەمما مەبلەغنى قايتۇرۇش مۇددىتى ئۇزۇن بولغان تۈرلەرگە قارىتا، ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز بېرىش ھەمدە مۇۋاپىق ئۆسۈم قوشۇپ بېرىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئىجتىمائىي مەبلەغدىن ۋە كرېدىت مەبلىغىدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلانغ-

لى، مالىيە مەبلىغىنى بولسا غايەت زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدىغان، ئەمما سېلىنغان مەبلەغنى بىۋاستە قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر قىسىم تۈرلەرگە ئىشلىتىشكە ئىمكانىيەت ياراتقىلى بولىدۇ، بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىجتىمائىي مەبلەغنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىشىغىمۇ تۈرتكە بولالايدۇ.

## 3. يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا مېڭىش كېرەك

ئېلىمىز يېزىلىرىدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ۋە بېلىقچىلىقنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىك، سودا، سانائەتنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش يولىغا ماڭغاندىلا، ئاندىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى ھەمدە ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگىلى، ئاندىن دېھقانلارنى تېز بېيىتىپ، يېزىلارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق تەڭشەپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالاھىدە مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشىنىش، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاشلىقنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاشلىق تېرىيدىغان يەر كۆلىمى 1 مىليارد 650 مىليون مو بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالدى، بۇنى جەزمەن مۇقىملاشتۇرۇش لازىم. ئېلىمىزنىڭ ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولۇشتەك دۆلەت ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقاندا، يېزىلاردا كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەۋقەنى تېرىلغۇ يەرلەردىن باشقا بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىش ئۈستىگە قويۇش كېرەك. دۆلىتىمىزدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان 2 مىليارد مو قاقاس تاغ ۋە قاقاس توپىلىكلەر، ئۆزگەرتىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان 1 مىليارد مو قۇملۇق قاقاس يەر، پايدىلىنىشقا بولىدىغان 4 مىليارد 700 مىليون مو يايلاق، 260 مىليون مو سۇ يۈزى ۋە 180 مىليون مو تېيىز دېڭىز رايونى بار، بۇنىڭدىن باشقا يەنە 2 مىليون دېھقان ھويلىسى بار، مۇشۇ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ پايدىلانسا، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن كەڭ زېمىن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىگىلىكنى توپلاپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر ئائىلىدە بىرنەچچە توخۇنى، بىرەر چوشقىنى باقىدىغان ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرتىپ، ئىلغار بېقىش تېخنىكىسى بىلەن كۆلەملىك بېقىشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، كۆپ خىل ئىگىلىك، بولۇپمۇ باقمىچىلىق، كۆكتاتچىلىق كەسىپلىرى يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئىگىلىكنى يىرىك باشقۇرۇشتىن توپلاپ باشقۇرۇشقا ئۆتۈشنى ھەممىدىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرغان ساھە بولۇپ قالدى، بۇ يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يېزا-بازار كارخانىلىرى يېزا ئىقتىسادىدىكى مۇھىم تايانچ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ تەرەققىيات سۈپىتى ۋە تەرەققىيات ئۇسۇلى جەھەتتە يېڭى سەكرەش ھاسىل قىلىش كېرەك. كۆپ خىل شەكىللىك بىرلىشىش

ۋە ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار گۇرۇھىنى قۇرۇپ، ھازىرقى بار بولغان كارخانا ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ زورايتىش لازىم. يېزا-بازار كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشى لازىم. ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە شەكىللىنىپ قالغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يىراق چوڭ شەھەرلەرگە ئاپىرىپ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان، يېزىلار پەقەت خام ئەشيانىلا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەندىزە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ مىقداردا خوراپ ئىسراپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپلا قالماي، دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىنى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنىمۇ چەكلەپ قويىدى، بۇ تازا مۇۋاپىق ئەمەس. يېزا-بازار كارخانىلىرى-نىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشى يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. يېزا-بازار كارخانىلىرىنى ئىلغار تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇپ، سانائەتلەشكەن تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىسادىي كۆلىمىنى شەكىللەندۈرۈپ، بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

ھازىرقى مۇھىم مەسىلە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى، كۆپ خىل ئىگىلىك، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش قاتارلىق ھالقىلارنى قانداق قىلىپ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىر قىسىم رايونلار تاپقان يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش يولى بىلەن باشقۇرۇش ئۇسۇلى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر ئۈنۈملۈك يول ئېچىپ بەردى. يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش يولى بىلەن باشقۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، باشلامچى كارخانا ئىشلەپچىقىرىش ئالدىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى سىستېملىق مۇلازىمەت ئارقىلىق، قول ئەمگىكىنى ئاساس قىلغان دېھقانلارنىڭ ئائىلىۋى ئىشلەپچىقىرىشىنى بىراقلا ئىلغار تېخنىكا ۋاستىلىرىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە سېلىنما-ئېلىنما نىسبىتىنى تېز ئۆستۈرۈپ، "كىچىك ۋە مۇكەممەل" بولغان دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىشىنى كەسپلەشكەن، تاۋارلاشقان ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلاندۇرى-دۇ، تارقاق دېھقان ئائىلىلىرىنى تەشكىللەپ ۋە بازار بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇقىم ئالاقە ئورنىتىپ، مەلۇم رايوندىكى ئوخشاش مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان دېھقان ئائىلىلىرىنى يىغىپ، يېزا ئىگىلىكىدە كۆلەملىك ئىگىلىكنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## 4. يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ يېزىغا قارىتىل-غان توپ سىياسىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك

پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى توپ سىياسىتىنى موقىملاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە ئېلىش ئاساسىدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش

بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يادروسى يەرنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىدۇر. 1993-يىلى، بىرىنچى قېتىملىق يەرنى ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندا، مەركەز ئېنىق قىلىپ يەرنى ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتى يەنە 30 يىل ئۇزارتىلىدىغانلىقىنى، "تۆت خىل بوز يەر"نى ئېچىش قاتارلىق ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتىنى تېخىمۇ كۆپ ئۇزارتىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەركەز يەنە ھۆددىگە ئالغان مەزگىلدە "جان سانى كۆپەيسە يەرنى كۆپەيتمەسلىك، جان سانى ئازايسا يەرنى ئازايتماسلىق" ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلدى، يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەق ئېلىش بەدىلىگە باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە يول قويدى. مەركەزنىڭ بەلگىلىمىسى ھەم دېھقانلارنىڭ يەرنى ھۆددىگە ئېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇشىغا بولغان ئارزۇسىنى قاندۇردى، ھەم يەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇۋاپىق يۆتكىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن، بۇ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان، مۇكەممەل بولغان بىر تۈرلۈك يەرنى ھۆددىگە بېرىش سىياستى بولۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. نۆۋەتتە يەرنى ھۆددىگە ئېلىش مۇناسىۋىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم، بىراق ئاز بىر قىسىم جايلاردا يەرنى ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش سىياستى تولۇق ئەمەلىيلەشمەيدىغان، دېھقانلارنىڭ ھۆددىگە ئالغان يەرلىرىنى خالىغانچە قايتۇرۇۋالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ گەرچە قىسمەن دائىرىدىكى مەسىلە بولسىمۇ، يۈكسەك ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك. يەرنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى پارتىيىنىڭ يېزا سىياستى-نىڭ ئۇل تېشى، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئېغىپ كېتىشكە بولمايدۇ، قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بولسا ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە ئېلىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدىكى مۇكەممەللەشتۈرۈشتۇر. مۇقىملىق بولمىسا، مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ، مۇكەممەللەشتۈرۈش مۇقىملىققا پايدىلىق بولۇشى كېرەك. ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس، مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى ۋە يوللىرىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ، بىراق ھەممە جايلاردا كوللېكتىپ ئىگىلىكنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، كوللېكتىپنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى شۇ كوللېكتىپنىڭ مۈلكىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇش، كوللېكتىپ مۈلكىنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ھەمدە كوللېكتىپ مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ ھەممە جايلاردا دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچە-قىرىشى ۋە تىجارىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇش، مۇلازىمەت جەريانىدا ئائىلىلەرنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئائىلىلەرنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا ئىجتىمائىيلاشقان يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، بولۇپمۇ ئېلىمىزدىكى

www.uyghurkitap.com

كىچىك كۆلەملىك دېھقان ئائىلىسى ئىشلەپچىقىرىشى شارائىتىدا يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئەگەر مۇلازىمەت يېتىشەلمىسە، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەس بولۇپلا قالماي، ئادەتتىكى ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى يۈرۈشتۈرمەكمۇ تەس بولىدۇ. يېزا-كەنتلەردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى دېھقان ئائىلىسى يالغۇز قىلالمايدىغان، قىلغاندىمۇ ياخشى قىلالمايدىغان ياكى زىيان تارتىدىغان ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؛ ھۆكۈمەت يېزىلاردا تەسىس قىلغان مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى مەنپەئەت ئېلىش دائىرىسى كەڭ بولغان تۈرلەرنى، مەسىلەن ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە تېخنىكىنى كېڭەيتىش، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش قاتارلىق ئىشلارنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى يولغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت سىستېمىسىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش يولى بىلەن باشقۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، باشلامچى كارخانا ئارقىلىق مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇش لازىم. بۇ خىل كارخانا مۇلازىمىتى ھەم سودا خاراكتېرلىك، ھەم مەلۇم دەرىجىدە ھەمكارلىق خاراكتېرىنىمۇ ئالغان بولۇپ، دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئالدىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى تولۇق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىر قىسىم دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن ئۇيۇشۇپ، كەسپىي جەمئىيەت دېگەنگە ئوخشاش ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت ھالقىلىرىدا ئىش تەقسىم قىلىپ ھەمكارلىشىش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ، بۇ بىر خىل ھەمكارلىق خاراكتېرىنى ئالغان مۇلازىمەت. كوللېكتىپ مۇلازىمەت، ھۆكۈمەت مۇلازىمىتى، كارخانا مۇلازىمىتى، خەلق ئارىسىدىكى مۇلازىمەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئورنى ۋە رولى بار، بۇلار ئۆزئارا قوللاپ، بىرلىكتە يېزا ئىقتىسادى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ شەھەر-يېزا سودا بازارلىرىنى ئاساس، مەملىكەت خاراكتېرلىك توپ سېتىش بازارلىرىنى مەركەز، رايون خاراكتېرلىك توپ سېتىش بازىرى ۋە كەسپىي بازارلارنى تايانچ قىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى سىستېمىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بازار قۇرۇلۇشىنى ۋە بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەم بازار سودىسى سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ھەم بازار ئاچقۇچىنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، توسۇقلارنى يوقىتىپ، مونوپولىيىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى بازارغا كىرىپ، ئوچۇق، باراۋەر ئاساستىكى رىقابەتكە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئاشلىق-پاختا سېتىۋېلىش-سېتىش تۈزۈلمىسىدە نۇقسان ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۆزگەرتمىسە بولمايدۇ. نۆۋەتتىكى ئاشلىق، پاختا بىلەن تەمىنلەش بىرقەدەر كەڭرى بولۇۋاتقان، ماكرو ئىقتىسادىي ۋەزىيەت كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ۋە كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاشلىق-پاختا

سېتىۋېلىش-سېتىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئاكتىپ، پۇختا ھالدا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاشلىق ۋە پاختىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم.

بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان يېزا ئىگىلىكىنى قوغداش-قوللاش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك، بۇمۇ يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئاساس بولۇش ئورنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ۋە قوغدىشىدىن ئايرىلالمايدىغان كەسىپ ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يېزا ئىگىلىكىگە قارىتا مۇكەممەل بولغان قوغداش-قوللاش سىستېمىسى بار. دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى كۆپ، ئاساسى بوش، مالىيە كۈچى چەكلىك، بۇنداق ئەھۋالدا ھەم بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەم دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېزا ئىگىلىكىنى قوغداش-قوللاش سىستېمىسىنى قانداق قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسى ئۈستىدە يەنىلا چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن چىقىش قىلغاندا، مۇھىم نۇقتا ئۈچ تۈرلۈك تەگشەش-تىزگىنلەش تۈزۈمىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت: بىرىنچى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ، ئاساسلىقى ئاشلىقنىڭ قوغداش باھاسى تۈزۈمى. ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ۋە تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ، ئىستېمالچىلارنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئاساسەن ۋە ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەت قىلغۇچى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىش ئاساسىدا، مۇۋاپىق قوغداش باھاسى بېكىتىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى قوغداش باھاسىدىن تۆۋەن بولغاندا، دۆلەت قوغداش باھاسى بويىچە چەك قويماي تولۇق سېتىۋالىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداپ، ئاشلىق باھاسىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن دېھقانلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى توسايدۇ. ئىككىنچى، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى زاپاس ساقلاش-تەگشەش تۈزۈمى، دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئارقىلىق تەگشەش ئېلىپ بېرىلىپ، بازارنىڭ تەۋرىنىشى مەلۇم دائىرە ئىچىدە كونترول قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا، ئاساسلىقى ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىغا قارىتىلغان خەۋپ-خەتەر فوندى تۈزۈمى. دۆلەت زاپاس ساقلاش ئارقىلىق تەگشەشنى ۋە قوغداش باھاسى تۈزۈمىنى يولغا قويغان چاغدا كېلىپ چىققان زىيان خەۋپ-خەتەر فوندى ئارقىلىق كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ، تاپقان پايدا بولسا خەۋپ-خەتەر فوندىغا كىرگۈزۈلۈپ باشقۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېرىلغۇ يەرلەرنى قاتتىق قوغداش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش قاتارلىق ئىشلارمۇ يېزا ئىگىلىكىنى قوغداش-قوللاش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان يېزا ئىگىلىكىنى قوغداش-قوللاش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش يېزىلاردىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ يېتىلىش دەرىجىسىگە باغلىق، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىم ئەھۋالى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش دەرىجىسىگىمۇ باغلىق. بۇ ئىككى تەرەپنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى قوغداش-قوللاش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 5. دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش ۋە قوزغاش كېرەك

يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ساقلاشتىكى بىر مۇھىم تەرەپ دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتىن ئىبارەت. دېھقانلار مەسىلىسى ماھىيەتتە مەنپەئەت مەسىلىسىدۇر، دېھقانلارنى ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈش بىز ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسلىق سىياسەت پرىنسىپى.

دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش ۋە قوزغاش ئۈچۈن، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، دېھقانلارغا كونكرېت ماددىي مەنپەئەت بېرىش، ئۇلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى قوغداش لازىم. 1992-يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن "بىردە يۇقىرى، بىردە تۆۋەن، بىردە ئېغىر" بولۇپ كېتىش مەسىلىسىنى مەركەزلىك ھالدا قايتا-قايتا تەرتىپكە سالدى. ئىككى يىل ئىرىشىش ئارقىلىق، خېمىيەۋى ئوغۇت قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى مۇۋاپىقلىششقا قاراپ يۈزلەندى، "بىردە يۇقىرى" بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى، دېھقانلارمۇ بىرقەدەر رازى بولدى. 1994-يىلى ۋە 1996-يىلى، مەركەز ئەينى ۋاقىتتىكى پۇل پاخاللىقىنىڭ بېسىمى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئاشلىقنىڭ زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئىككى قېتىم چوڭ ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇن يىلدىن بۇيانقى ئاشلىقنىڭ زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. بۇ دېھقانلارنى رازى قىلىپلا قالماي، پۇل پاخاللىقىنى چەكلەشتىمۇ زور رول ئوينىدى. 1992-يىلدىن تارتىپ 1996-يىلىنىڭ بېشىغىچە، مەركەز دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن يەتتە مەخسۇس ھۆججەت چۈشۈردى، بەش قېتىم مەخسۇس يىغىن ئاچتى، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمەت يىغىنى بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت قېتىم قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ۋە كۆپ قېتىم دېلو تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، دېھقانلار يۈكىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىش يۈزلىنىشىنى ئۈنۈملۈك توسىدى. "بىردە يۇقىرى، بىردە تۆۋەن، بىردە ئېغىر" بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان بۇ ئىشلار دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى، ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا تۈرتكە بولدى، دېھقانلارنىڭ دارامىتىمۇ ئاشتى، يېزىلارمۇ مۇقىم بولدى.

1996-يىل يىل ئاخىرىدىن ھازىرغىچە، مەركەز دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش ۋە قوزغاش ئۈچۈن يەنە تۆت تۈرلۈك تەدبىر قوللاندى. بىرىنچى، بىر قىسىم رايونلاردا مول ھوسۇلدىن كېيىن دېھقانلارنىڭ يۈكى يەنە قايتىدىن ئېغىرلاپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن «دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقىرىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان تۈرلۈك ناتوغرا ئۇسۇللارنى چەكلىدى؛ ئىككىنچى،

كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگەللىۋېلىش يۈزلىنىشىنى توختاتتى؛ ئۈچىنچى: بۇ يىلقى يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن، بىر قىسىم جايلاردا ئاشلىقنىڭ بازار باھاسى تۆۋەنلەپ كەتتى، مەركەز دەل ۋاقتىدا بەلگىلىمە چىقىرىپ، قوغداش باھاسى بويىچە چەك قويماي تولۇق سېتىۋالدى؛ تۆتىنچى، بىر قىسىم رايونلاردىكى يەرنى ھۆددىگە بېرىش سىياسىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يەرنى ھۆددىگە ئېلىش مۇناسىۋىتىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. مەركەز قوللانغان ھەر تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلىرىنى بىر نۇقتىغا يىغقاندا دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتۇر.

دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش ۋە قوزغاشتا يەنە دېھقانلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي قاتلاملاردىكى دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. كەنتتىكى ئىشلارنى كەنت ئاھالىسى ۋەكىللىرى يىغىنىدا مۇزاكىرىلىشىپ بېكىتىش، كەنت ئاھالىسى كومىتېتىنى ئاما ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇش لازىم. يېزا قائىدىسى، كەنت ئاھالىسى ئەھدىنامىسى تۈرغۇزۇش، تۈرغۇزۇلغان قائىدە، ئەھدىنامە بويىچە ئۆز-ئۆزىنى سوراش، قائىدە، ئەھدىنامىگە ئورتاق رىئايە قىلىش كېرەك. كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، كوللېكتىپنىڭ كىرىم-چىقىم ئۆلچىمى، كىرىم-چىقىم تەرتىپى، كىرىم-چىقىم نەتىجىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئاممىغا ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. كەنت كادىرلىرى ئاممىنىڭ دېموكراتىك سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. يېزا-كەنت كادىرلىرى ئاما بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى، سۆز بىلەن قايىل قىلىپ تەربىيىلەش ئۇسۇلى، ئۈلگە كۆرسىتىش ئۇسۇلى ۋە باشلامچىلىق قىلىش ئۇسۇلى بىلەن خىزمەتلەرنى ئالغا سۈرۈشكە ماھىر بولۇشى لازىم. دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، قانۇن دائىرىسى ئىچىدە ئىش كۆرۈش كېرەك، قانۇنغا خىلاپ ھالدا سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈش، بۇيرۇق بىلەن زورلاش ھادىسىلىرىنى قەتئىي چەكلەش لازىم.

**(ئاپتور: مەركىزىي مالىيە-ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: كامىلجان تۇرسۇن**
**دولقۇن قادىر**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ھەققىدە

دەي جۇ

پارتىيىنىڭ 15_قۇرۇلتىيى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ھەققىدىكى ئاساسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئاساسىي پروگرامما—دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرگە كېڭەيتىلىشى، پارتىيىنىڭ 11_نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3_ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە ئىزاھلىنىشى، مۇشۇ يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ ئاساسىي تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنلىنىشى. بۇ ئاساسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىش بىزنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېنلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى 21_ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە ئىنتايىن چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. مەزكۇر ماقالىمدە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ھەققىدىكى تونۇشۇم ۋە چۈشەنچەم ئۈستىدە توختىلىمەن.

## 1. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت

مەدەنىيەت كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت، تار مەنىدىكى مەدەنىيەت دەپ ئايرىلىدۇ، تار مەنىدىكى مەدەنىيەتنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ سىياسەت، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ئىنسانلار ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىنى، يەنى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئالاقىدار بولغان ئىدىيە_نەزەرىيە، ئەدەب_قائىدە، ئەدەبىيات_سەنئەت، پەن_مائارىپ قاتارلىق مەنىۋى جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى كۆرسىتىدۇ؛ كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەتنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى جەھەتنى، يەنى ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يىغىندىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر ماقالىمدە شەرھلىنىدىغان مەدەنىيەت تار مەنىدىكى مەدەنىيەتتۇر.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ھەم ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىنىڭ

---

ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىنكاسى، ھەم ئىقتىساد ۋە سىياسەتنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ؛ ھەم ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتى بىلەن جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ھەم جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق قوبۇل قىلغان. ئۇ قەدىمكى زاماندىكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى، جۇڭگودىكى ۋە چەت ئەللەردىكى خىلمۇخىل مەدەنىيەت شەكىللىرى بىلەن ھەم باغلىنىشلىق، ھەم پەرقلىق بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭى دەۋردە شەكىللەنگەن ۋە شۇ سەۋەب بىلەن روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان مەدەنىيەت سىستېمىسى، ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت بىلەن بىرلىكتە ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يولداش جياڭ زېمىن دوكلاتتا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ئىشىنى ئىنتايىن ئېنىق ھەم ئىخچام قىلىپ مۇنداق دەپ يىغىنچاقلىدى: ”جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق پۇقرالارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىپ، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەن، دۇنياغا يۈزلەنگەن، كېلەچەككە يۈزلەنگەن مىللىي، ئىلمىي، ئاممىۋى سوتسىيا-لىستىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەن سۆز.“ بۇ، يەن-تېخىمۇ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتە كەسكىن رىقابەت بولۇۋاتقان ئەھۋالنى، دۇنيا مىقياسىدا خىلمۇخىل ئىدىيە-مەدەنىيەت بىر-بىرىگە تەسىر قىلىۋاتقان ئەھۋالنى، ئېلىمىز پۇقرالىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقىنى ئېچىش جەھەتتىكى ھازىرقى ھالەتنى، ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى بولۇپمۇ ئاز كەم 20 يىلدىن بۇيانقى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى تەجرىبە-سا-ۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا چىقارغان ئىلمىي ھۆكۈمدۇر.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش، ئاساسىي مەزمۇندىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىردەك، پەقەت مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش نۇقتىسى ۋە تەكىتلەش نۇقتىسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەدەنىيەت ئىقتىساد، سىياسەتكە قارىتىپ ئېيتىلغان، مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتكە قارىتىپ ئېيتىلغان. بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە باش نىشانى بىردەك بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىدە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچى قىلىنىشى، ھەر ئىككىسىدە غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق سوتسىيا-لىستىك پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈش نىشان قىلىنىشى شەرت. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ يۆنىلىشى ۋە فاڭجېنى بىردەك بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىدە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇلۇشى، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش-ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى شەرت. ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى ۋە يوللىرى بىردەك بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىدە جۇڭگونىڭ رېئاللىقى ئاساس قىلىنىشى، دەۋر روھى نامايان قىلىنىشى، تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەنئەنىلىرى داۋاملاشتۇرۇلۇشى، چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ پايدىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى قوبۇل قىلىنىشى شەرت. تۆتىنچىدىن، ئۇلارنىڭ باسقۇچلۇق نىشانى بىردەك بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىدە پۈتۈن مىللەت ئىچىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئورتاق غايىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغان قەتئىي ئىشەنچىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش؛ ئىدىيە-ئەخلاق، پەن-مائارىپ سەۋىيىسى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا پۇقرالارنىڭ سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، ئىجابىي-ساغلام بولۇش، باي مەزمۇنلۇق بولۇش، خەلققە خىزمەت قىلىشنى ئاساسىي تەلەپ قىلغان ھالدا مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي كەيپىيات، جامائەت تەرتىپى، تۇرمۇش شارائىتىنى ئاساسىي بەلگە قىلغان ھالدا شەھەر-يېزىلارنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش؛ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرى تەڭكەش تەرەققىي قىلىدىغان، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشمۇ ياخشى تۇتۇلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنىڭ ئىچكى تەلىپىنى نەزەردە تۇتقاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن بىرلىككە كەلگەن تونۇشنى ھاسىل قىلىشىمىز ۋە بۇ مۇناسىۋەتنى توغرا ئىگەللىشىمىز كېرەك. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىقتىساد—بازىس، سىياسەت—ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىنكاسى، ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت مۇئەييەن ئىقتىساد بىلەن سىياسەتنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ئىقتىساد بازىس بولۇش شەرتى ئاستىدا، ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەت جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا بىر-بىرىنى سەۋەب-نەتىجە قىلىدۇ، بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئۆزئارا تۈرتكە بولۇپ، تەڭكەش تەرەققىي قىلىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: ”مۇئەييەن مەدەنىيەت (ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان مەدەنىيەت) مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىتى ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئىنكاسى، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىتىگە ۋە ئىقتىسادىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە تۈرتكە بولىدۇ؛ ھالبۇكى، ئىقتىساد—بازىس، سىياسەت بولسا ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى. بىزنىڭ مەدەنىيەتنىڭ سىياسەت ۋە ئىقتىساد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەم سىياسەتنىڭ ئىقتىساد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىمىز ئەنە شۇنداق.“ («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 1307-بەت) 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى، پەن-تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى بىللە تۇتۇش لازىملىقىنى، بۇلاردىن بىرى كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى، ”بىر

قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق» بولسا بولمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك
ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت — ئورگانىك ھالدا بىرلەشكەن، ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدى-
دىن ئىبارەت.» بۇ خىل قاراشقا ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتى-
كى ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى
بىللە تۇتۇش فاڭجېنىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى، بىر تەرەپنىلا تەكىتلەپ، يەنە بىر تەرەپكە
سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇردى. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بىلەن
جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈچىسىنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشى، تەڭگەش
تەرەققىي قىلىشى، ئۈچىسىنىڭ ئورگانىك بىرلىكى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىگەللىگىنىمىزدىلا، جۇڭگونىڭ
زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى ئالغا سىلجىتالايمىز.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بۇرۇنقى ھەرقانداق شەكىلدىكى مەدەنىيەتتىن پەرقلىنىدىغان،
پۈتۈنلەي يېڭىچە بولغان بىر خىل مەدەنىيەت. بىرىنچىدىن، ئۇ روشەن دەۋرىي خاراكتېرگە ئىگە. مەدەنىيەت
گەرچە دەۋر ھالقىيدىغان ئورتاق خاراكتېرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر تارىخىي كاتېگورىيە بولۇش
سۈپىتى بىلەن ھەممىشە مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ، ئوخشىمىغان جەمئىيەتتە
ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى مەدەنىيەت شەكىللىنىدۇ. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا
تۇرىۋاتقانلىقتىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ بۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە
بولۇشى مۇقەررەر. ئۇ سوتسىيالىستىك تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈم، سىياسىي تۈزۈم بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ،
باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت
تۈپ ۋەزىپىنى چۆرىدەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ،
تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.
ئىككىنچىدىن، ئۇ قويۇق مىللىي خاراكتېرگە ئىگە، ئۇزاق تارىختا ئىگە بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ
ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ئەلۋەتتە ئۆزىگە خاس چوڭقۇر سەۋەب بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇنى
قانداق تونۇشى ۋە ئىگەللىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىر خىل تارىخىي جۇغلانما ۋە ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ يوشۇرۇن
ئېقىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجتىمائىي روھىي ھالەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ، كىشىلەرنىڭ
تۇرمۇش ئۇسۇلى، پىكىر قىلىش ئەندىزىسى، ھەرىكەت ئۆلچىمى، ئەخلاق-پەزىلىتى، ئېستېتىك ھەۋەسلىرى،
ياشاش قارىشى شۇنداقلا ئۆرپ-ئادەتلىرىگە قوشۇلۇپ كىشىلەرگە تۇغۇلۇشى بىلەنلا تەسىر كۆرسىتىپ
تۇرىدىغان بىر مەنىۋى ماكانغا ئايلىنىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش دېگەنلىك
خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت
ۋە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيا مەدەنىيەت
مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا خاس مەزمۇن بىلەن جۇڭخۇا
مىللەتلىرىگە خاس شەكىل بىرلەشتۈرۈلگەن پۈتۈنلەي يېڭىچە مەدەنىيەتنى ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت.

ئۇچىنچىدىن، ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىلمىيلىككە ئىگە. ئۇستقۇرۇلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، تەبىئەت قاراش، جەمئىيەت قاراشتىكى ئىلمىي بولمىغان بارلىق مەدەنىيەت ئىدىيىلىرىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىدىغان مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، تەدبىر كۆرۈشنىڭ ئىلمىيلىشىشى ۋە دېموكراتىيىلىشىشى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئۇ ھەممە ئېقىملارنى قوبۇل قىلىدىغان ئوچۇق بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى تەكىتلەيدۇ، ”ئۈچنى قىلماسلىق“ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىدۇ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى، ئەركىن مۇھاكىمىنى، ئەركىن ئىجادىيەتنى ۋە ئوخشىمىغان ئېقىم، ئوخشىمىغان ئۇسلۇبلارنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مەدەنىيەت گۈلزارىدا ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىدىغان، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايرايدىغان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە چەت ئەل مەدەنىيىتىدىكى بارلىق ياخشى نەرسىلەرنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان ئوچۇق تىپلىق بۈيۈك سىستېمىغا ئايلاندۇرىدۇ. بەشىنچىدىن، ئۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرى يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسى ئىجادىيەت يارىتىدىغان ئىش، خەلق ئاممىسى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ خوجايىنى، بارلىق مەدەنىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر بۇلىقى. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئاممىدىن كېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇلىدىغان مەدەنىيەت. ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى داۋامىدا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى داۋامىدا ئوزۇق قوبۇل قىلىدۇ، ھەم ساغلام مەدەنىيەت نەتىجىلىرى بىلەن خەلقنى تەربىيىلەيدۇ، خەلققە خىزمەت قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ”غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق“ سوتسىيالىستىك پۇقرالارغا ئايلاندۇرىدۇ. ئالتىنچىدىن، ئۇ ئىسلاھ قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئىجادچانلىققا ئىگە. مەدەنىيەت ئەسلىدىلا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشى، ئۈزلۈكسىز ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ مول نەتىجىسى، ئېسىل مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەرقاندىقى مۇقەررەر ھالدا ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن قالتىس ئىجادىيەت بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئىسلاھات ۋە ئىجادىيەتنى ئۆزىنىڭ ئۆسۈش، تەرەققىي قىلىش شەكلى قىلىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇ تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە ياخشىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ — مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ چىقىش يولى.

## 2. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئورنى ۋە رولى

تارىخقا نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى كۆرىمىزكى، مەدەنىيەتنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا بولغان تۈرتكىلىك

رولى ئەزەلدىنلا ئىنتايىن چوڭ بولۇپ كەلدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئورنى ۋە رولى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشى ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەت بىرلىشىپ بىر پۈتۈن بولغان زامانىۋىلاشتۇرۇشتۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1979-يىل 10-ئايدىلا مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى توغرىسىدا پروگرامما خاراكتېرلىك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "بىز يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش بىلەن بىللە، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالىيجاناب، مەزمۇنغا باي مەدەنىي تۇرمۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 449-بەت) 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: "مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇنداق: ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، قەتئىي ئېغىشماي ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، قەتئىي ئېغىشماي سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، قەتئىي ئېغىشماي مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ھەممە مۇشۇ بىرنەچچە جەھەتنى بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرىدىغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىش." 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىغا كەلگەندە، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەسىلىسى كۆرۈلمىگەن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە مۇھىم كاپالىتى دەپ تەكىتلەپ كۆرسىتىلدى ۋە يەنە، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈش لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ—پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىن بۇيانقى ئىزچىل ئىدىيىسى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىزچىل تەشەببۇسى.

ئىككىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەنىۋى تۈرتكە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كۆرسىتىدىغان غايەت زور تەسىرى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى مەنىۋى تۈرتكە بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە، كەڭ ئەمگەكچىلەر يۈكسەك سىياسىي ئاڭغا ئىگە، ئۇلار ئاڭلىق ھالدا قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا كاپىتالىزمنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يارىتىدۇ." (يۇقىرىقى كىتاب، 188-بەت) جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەندە، بولۇپمۇ ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرگەندە،

ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزمنى قۇرۇشتىكى ئەمگەك قىزغىنلىقى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى قوزغىتىپ، ماددىي
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچنى شەكىللەندۇرگىلى بولىدۇ. ئەگەر
ئىنقىلابىي غايە، ئېتىقاد بولمىغان بولسا، مەنىۋى كۈچتىن ئىبارەت تىرەك بولمىغان بولسا، جۇڭگونىڭ
سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىدا بۈگۈنكىدەك بۇنداق غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەل-
شىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۈچىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى ئەقلىي مەدەت بىلەن
تەمىن ئېتىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئەمگەكچىلەرنىڭ پەن-مەدەنى-
يەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئەقلىي بايلىقىنى ئاچقىلى بولىدۇ. ئىلغار ماھارىتى، ئىلىم-پەن
بىر خىل ئەقلىي كۈچ-قۇۋۋەتكە ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ
بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. ئەقىل-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى مەركەزلىك ھالدا بىر
دۆلەتتىكى پۇقرالارنىڭ سىرىپتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى
ئىجتىمائىي ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى بىلەن بىۋاستە
مۇناسىۋەتلىك ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەمىشە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. زامانىۋى
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئاساسلىقى ئەقلىي سەۋىيىنىڭ ئۆسۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ھالبۇكى ئادەمنىڭ
ئەقلىي كۈچىنىڭ ئۆسۈشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ چەكلىمىسىگە، تەبىئىي پەن،
ئىجتىمائىي پەن تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. سوتسىيالىزمدا كاپىتالىزمنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى
بولغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يارىتىمىز دېيدىكەنمىز، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي
قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. ساۋاتسىزلىق، ئىلىمسىزلىق بىلەن لىق تولغان بىر دۆلەتتە، سوتسىيالىستىك زامانىۋى-
لاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ناھايىتى تەس بولىدۇ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە
تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىجتىمائىي ماددىي بايلىقنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشىمۇ ناھايىتى تەس بولىدۇ.

تۆتىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆلىنىشىنى
بويلاپ تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: "مەنىۋى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمىسە، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئەگرى يولغا كىرىپ
قالىدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 292-بەت) ئىنسانلارنىڭ ماددىي
مەدەنىيەتنى يارىتىش جەريانى ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئاددىيغىنە ماددا ئالماشتۇرۇش جەريانى
بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى
ئورنىتىلغان شارائىت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ئالاقىلىشىش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇ جەرياندا،
كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئىلمىي ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشىگە
كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىز ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، جۇڭگوچە
سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتمىسەك، فېئوداللىزمنىڭ قالدۇق ئىدىيىلىرىنىڭ چىرىتىشى،
كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويساق، كىشىلەر ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق

ۋە روھىي كىرىزىسكە پېتىپ قالدۇ-دە، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىزم يۆنىلىشىنى بويلاپ ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ.

بەشىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تىنچ-ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش ئارقىلىق، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. تارىخىي تەجرىبىلەرمۇ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، "تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەت بولمىسا، قۇرۇلۇشنى خاتىرجەم ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 541-بەت) "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" مەزگىلىدە، جەمئىيەت داۋالغۇپ، دۆلەتنىڭ خاتىرجەم كۈنلىرى بولمىدى، خەلق مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاپەتلەرگە ئۇچرىدى، خەلق ئىگىلىكى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى، بۇ ئىنتايىن چوڭقۇر ساۋاق بولۇپ، ئۇنى ئەستە ساقلىشىمىز كېرەك. مەدەنىيەتنىڭ تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش جەھەتتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان، كەم بولسا بولمايدىغان غايەت زور رولى بار.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. غەرب ئەللىرىنىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسلىق ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىدىيە، مەدەنىيەت شەكىللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشتىن ئىبارەت. ئەگەر سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۈستۈنلۈكتە تۇرمايدىغان بولساق، دۆلىتىمىزنى ئىدارە قىلىش ۋە خەلقئارا كۈرەش داۋامىدا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگەللىيەلمەيمىز. شۇڭا، بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ئىشىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش پۈتكۈل ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيىتىگە قويۇپ كۆزىتىشىمىز، پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئومۇمىيىتىگە قويۇپ كۆزىتىشىمىز كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئەھمىيەت بېرگىلى، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە مەنىۋى كۈچكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

## 3. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي نىشانى ۋە توپ سىياسىتى

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش پروگراممىسىنى مۇنداق دەپ شەرھلىدى: "جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق پۇقرالارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىپ، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەن، دۇنياغا يۈزلەنگەن، كېلەچەككە يۈزلەنگەن مىللىي، ئىلمىي، ئاممىۋى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەن سۆز. بۇنىڭ ئۈچۈن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

پارتىيىنى قۇراللاندۇرۇشتا، خەلقنى تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇش لازىم؛ پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي سۈپىتى ۋە مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ۋە ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش-ھەممە ئېقىملار بەستە-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىلىم ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش لازىم. مەۋقەسى جۇڭگونىڭ رېئاللىقىغا قويۇلغان، تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسگە ۋارىسلىق قىلىدىغان، چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ پايدىلىق مۇۋەپپەقىيىتىنى قوبۇل قىلىدىغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش كېرەك.“ بۇ پروگراممىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، فاڭجېن-پرىنسىپلىرى، ئاساسىي نىشان ۋە تۈپ ۋەزىپىلىرى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇلار بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا بىزگە قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپتۇر.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تۈپ قىبلىنەما قىلىش كېرەك، بۇ—پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل تەشەببۇسىدۇر. سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى مۇساپىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پۈتكۈل ئىشلىرىمىزغا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچى قىلىشىمىز لازىم، بۇ پارتىيىمىز تارىختىن ۋە رېئاللىقتىن چىقارغان تەۋرەنمەس يەكۈندۇر. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچى قىلىشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش-تۇرماسلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەيدان مەسىلىسىدۇر، چىڭ ماركسىزم بىلەن جا ماركسىزمنى پەرقلەندۈرىدىغان بىر مۇھىم بەلگىدۇر.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ۋە ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش لازىم. بىرىنچى، بۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە پارتىيىنىڭ مەقسىتى بەلگىلىگەن. مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسەت ۋە ئىقتىسادى شۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىدۇر، قانداق سىياسەت ۋە ئىقتىساد بولسا، شۇنىڭغا لايىق مەدەنىيەتمۇ بولىدۇ. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتىمىز، شۇڭا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ۋە سىياسەت بىلەن ھەمراھ بولغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز مۇقەررەر، بۇ مەدەنىيەت مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى مەدەنىيەت بولىدۇ. ئىككىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ رولىدىن قارايدىغان بولساق، ئۇ سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ۋە سىياسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئىقتىساد ۋە سىياسەتكە ئاكتىپ ھالدا، پائالىيەتچانلىق بىلەن ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ۋە سىياسىي قۇرۇلۇشقا خىزمەت قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈم، تۈپ سىياسىي تۈزۈمنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولىدۇ. ئۈچىنچى،

جوڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتى بىلەن تامامەن بىردەك. پارتىيىمىز پرولېتارىيات ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەممە خىزمىتى ۋە پائالىيەتلىرى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە بىرلىككە كېلىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئەمەلىيەتنىڭ تۈپ مەقسىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت تەلىپىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولسا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تەلىپىنى قاندۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن نەزەرىيە يېتەكچىلىكى، قىممەت قاراش، ئەخلاق قائىدىسى، مەنىۋى تۈرتكە ۋە ياخشى جامائەتچىلىك مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ھەم خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق، ھەم سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقتۇر.

جوڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى بىلەن ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى ۋە ئۈنۈملۈك يولىدۇر. بۇگۈنكى كۈندە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز شەرت، بۇ بىزگە قويۇلغان مۇقەررەر تەلەپ. ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەسىدە، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىنى ھەقىقىي شەكىللەندۈرگىلى، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن مول مەزمۇنلۇق، ساغلام، پايدىلىق بولغان مەنىۋى ئوزۇق يارىتىپ بەرگىلى، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەنىۋى تۈرتكە ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئەتكىلى ۋە شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا سەنئەت ساھەسىدە ئوخشاش بولمىغان شەكىل ۋە ئۇسلۇبلارنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشى، ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئوخشاش بولمىغان ئېقىملارنىڭ ئەركىن مۇنازىرىلىشىشى تەشەببۇس قىلىنىپ، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پەن-مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرى ئىپادىلەنگەن. مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئىزدىنىش خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشنى ۋە ئەركىن ئىجادىيەت يارىتىش مۇھىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشى تۈرلۈك شەرت-شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، بىر نۆۋەتتىلا

www.uyghurkitap.com

تاماملىنىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەر، سىستېما ۋە ئېقىملارنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر ئىش. ئىدىيە ساھەسىدىكى زىددىيەتنى، تونۇش جەھەتتىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىشتا، سىياسىي ھوقۇق ياكى مەمۇرىي ۋاستە بىلەن كېسىم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، قالپاق كىيگۈزۈش، كالتەكلەش، كوكۇلىسىدىن تۇتۇش، تەسىر كۈچى بىلەن بېسىم ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت دېموكراتىك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، بەس-بەستە تەرەققىياتقا ئىنتىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق توغرا نەرسىلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، خاتا نەرسىلەرنى تۈزەتكەندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ساغلام راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: "جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سۈپىتى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى كۈچلۈك مەنىۋى تۈرتكىگە ۋە ئەقلىي مەدەتكە ئىگە قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق پۇقرالارنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يېتىشتۈرۈش شەرت. بۇ — دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇشكۈل ۋەزىپە." ماركسىزمچى كلاسسىك يازغۇچىلار، ئادەم ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ئاكتىپ ئامىل، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى باشقا ئامىللارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان رىشتە، دەپ قارايدۇ. پەن-تېخنىكا تېز راۋاجلىنىۋاتقان، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتە كەسكىن رىقابەت بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ئادەملەرنىڭ سۈپىتى كۆپىنچە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرلىك بەلگىسى بولۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ سۈپىتى تارىخنىڭ مەھسۇلى، يەنە كېلىپ تارىخقا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىش تەقسىماتىدا جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەكنىڭ ئايرىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سۈپەت ۋە مەدەنىيەت سۈپىتىنىڭ رولى بارغانسېرى مۇھىملىشىپ بارماقتا. بىر مىللەتنىڭ ۋە بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە باغلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى خەلقنىڭ ئاساسىي سۈپىتىگە باغلىق، بىر دۆلەتنىڭ تېز يۈكسىلىشى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىنلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، خەلقنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىكى رىقابەتتۇر. دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىستېمىلىق قۇرۇلۇش. ئىقتىساد ۋە سىياسەت جەھەتتىكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ماسلىشىپ بېرىشىگە موھتاج، مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتنىڭ نىشانى ئەۋلادمۇئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئادەمنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ سىستېمىلىق قۇرۇلۇشتا، ئادەم سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى، ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى يېتەكچى-

لىك رول ئوينايدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى فاڭجېن، سىياسەت، تەدبىرلەرنى ۋە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئادەم بەلگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىمۇ ئادەمنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. مىليونلىغان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەندىلا، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىزدىن زور ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

## 4. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيە-لىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك، بىر قاتار ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئۇنى كونكرېت خىزمەتلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئورتاق غايە ۋە مەنىۋى تۈۋرۈك شەكىللەندۈرۈش—جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى. ھەرقانداق بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خالىغانچە ئېلىپ بېرىلمايدۇ، چەكلىش-مۇرەككەپ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ۋە مەدەنىيەت پىكىر ئېقىملىرى ئىچىدە يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان بىر خىل ئىدىيە بولۇشى شەرت. بۇ ئىدىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما. ھازىرقى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، ماركسىزم بىلەن ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرگەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بىز چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەتئىي ئېغىشماي مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشىمىز، كادىرلارنى ۋە خەلقنى تەربىيىلىشىمىز كېرەك. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش دېگەن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى چىڭ تۇتۇپ، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن تۈپ مەسىلىنى دەۋرىي قىلىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇشۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. كەڭ كادىرلارنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە بولغان تونۇشنى داۋاملىق توغرىلاپ، سوتسىيالىزم مەسىلىسىدىكى خاتا نۇقتىئىنەزەر ۋە مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشەنچىنى چىڭىتىشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى، ئۇنىڭ ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىدىغان، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە ئىجادچانلىق روھنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپايىمىزنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. تۈرلۈك ئۈنۈملۈك تەدبىر ۋە ئۈنۈملۈك يوللار ئارقىلىق، بۇ نەزەرىيىنى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئورتاق غايە ۋە مەنىۋى تۈۋرۈك ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ—جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. مۇشۇ تۈپ ئاساسنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو قىلغان، كوللېكتىپچىلىقنى پرىنسىپ قىلغان سوتسىيالىستىك ئەخلاق تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى ۋە ئىنتىزام تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قاراش، قىممەت قاراشنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلىشىمىز لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىستىك روھنى ۋە جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەڭ ئەخىرقى مەقسىتىمىز كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، پۈتكۈل جەمئىيەتتە سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئىدىيە-ئەخلاقنى ئەستايىدىل تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىلغارلىق تەلىپى بىلەن كەڭلىك تەلىپىنى بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاقنى، دۆلەتنىڭ بىرلىككە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاقنى، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە ئىنتىلىشكە، ساختىلىق، رەزىللىك ۋە سەتلىكنى تۈگىتىشكە، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاقنى، پۇقرالىق ھوقۇق بىلەن پۇقرالىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا، سەممىي ئەمگەك بىلەن گۈزەل تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاقنى ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك. مەدەنىيەتلىك-ئەدەپلىك بولىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، ئومۇمنىڭ مال-مۈلكىنى ئاسرايدىغان، مۇھىتنى ئاسرايدىغان، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاقنى، ئۆز ئىش ئورنىنى سۆيىدىغان، كەسپىنى قەدىرلەيدىغان، راستچىل-سەممىي بولىدىغان، لەۋزىدە تۇرىدىغان، ئىشنى ئادىل قىلىدىغان، ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان كەسپىي ئەخلاقنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، كىچىكلەرگە كۆيۈنىدىغان، ئەر-ئايال باراۋەر بولىدىغان، ئەر-خوتۇن ئىناق ئۆتىدىغان، ئائىلىنى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرىدىغان، قولۇم-قوشنىلار ئىناق ئۆتىدىغان ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشىمىز، سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىق-ھەمكارلىق، باراۋەرلىك-دوستلۇق، بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەش ئاساسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

مائارىپ ۋە ئىلىم-پەننى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇ—مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى

ئۇلۇق ئىش، 21-ئەسىردىكى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيىتىگە چېتىلىدىغان زور ئىش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — پەن-تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولمىسا، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، زامانىۋى سانائەت، زامانىۋى دۆلەت مۇداپىئەسىنى بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ. پەن-تېخنىكا يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇلمىسا، خەلق ئىگىلىكىنىمۇ يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ.» (يۇقىرىقى كىتاب، 184-بەت) ئۇ يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: «پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسى مائارىپتا»، «پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مائارىپنى تۇتماي بولمايدۇ». (يۇقىرى كىتاب، 203-، 84-بەتلەر) 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز مائارىپ، ئىلىم-پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ تەكىتلەپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلىم-پەن يىغىنىنى ئىككى قېتىم چاقىرىپ، مائارىپ، ئىلىم-پەننى ئاۋۋال راۋاجلاندۇرىدىغان، دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرىدىغان تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى پەيدىنپەي تۇرغۇزدى. بىز مۇشۇ تەلەپكە ئاساسەن، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. ھەر جەھەتتىكى ئاكتىپلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشىمىز، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشىمىز، ھەر خىل شەكىللىك كەسپىي مائارىپنى ۋە چوڭلار مائارىپىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ئالىي مائارىپنى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. مائارىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئالىي مائارىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، مائارىپ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. پارتىيىنىڭ مائارىپ فاكجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن قۇرغۇچىلىرىنى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك. پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ئىلمىي روھ تۇرغۇزۇشقا، ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلەشكە يېتەكلىشىمىز، ئىجادىيەت، كەشپىيات يارىتىشقا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم. نادانلىقنى تۈگىتىپ، فېئودال خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. مائارىپ ۋە ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەرنى پائال راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم، بۇ، ماركسىزمنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە تۇتقان يېتەكچى ئورنىدا چىڭ تۇرۇشتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە، كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىق، رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك مۇھىم

ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاخبارات تەشۋىقاتىدا پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى تۇتۇش لازىم. ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىق ئۇستىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەدەنىيەتكە دائىر ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئۇلۇغ دەۋر ئۆزگىچە يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقىرىپ قويماي، بوشاشماي ئىنتىلىدىغان قەيسەرلىك ۋە ئاجايىپ تالانت بىلەن دەۋر ئالدىدا، خەلق ئالدىدا يۈزى يەرگە قاراپ قالمايدىغان ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك يۈكسەك بىرلەشتۈرۈلگەن، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىشى كېرەك. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چەتلەيدىغان خاھىشلار، پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە ماسلىشىدىغان، ھەممىدە پۇلنى كۆزلەيدىغان خاھىشلار، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئەنئەنىسىنى كەمسىتىدىغان، چىرىك ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمىنى قەدىرلەيدىغان خاھىشلارنىڭ ھەممىسى خاتا، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم.

ياخشى مەدەنىيەت مۇھىتىنى يارىتىش كېرەك. بۇ—جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم شەرتى. ”مەدەنىيەت مۇھىتى“ دېگەنلىك ”يۇمشاق مۇھىت“ ۋە ”قاتتىق مۇھىت“ دېگەندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ”يۇمشاق مۇھىت“ مەدەنىيەت سىياسەتلىرىنى شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئالاقىدار تەدبىرلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ”قاتتىق مۇھىت“ مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئوبدان ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ بولۇشى زۆرۈر. بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇش، بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇش جەريانىدا پارتىيىنىڭ مەدەنىيەت باشقۇرۇش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ”ئۈچنى قىلماسلىق“ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەممە گۈللەرنىڭ تەكشى ئېچىلىشىغا مەدەت بېرىش لازىم. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسى ۋە شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، مەدەنىيەتلىك شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ دېھقانلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، مەدەنىيەتلىك كەنت-بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، مەدەنىيەتلىك كەسىپنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەدەنىيەتلىك ئائىلە، مەدەنىيەتلىك ئورۇن ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق، ساقچىلار بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا

قىلىشقا ئوخشاش مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش؛ ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، مەدەنىيەتلىك، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، مەھەللە مەدەنىيىتى، كەنت-بازار مەدەنىيىتى، كارخانا مەدەنىيىتى، مەكتەپ مەدەنىيىتى ۋە ئائىلە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش پائالىيىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. قىسقىسى، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان ماددىي سېلىنمىنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتىپ، قاتتىق ماتېرىيال قۇرۇلۇشىنى ئوبدان يولغا قويۇش كېرەك. ھۆكۈمەت قۇرغان كۇتۇپخانا، مۇزېي، پەن-تېخنىكا يۇرتى، مەدەنىيەت يۇرتى، ئىنقىلابىي تارىخىي خاتىرە سارىيى قاتارلىق ئومۇمغا مەنپەئەتلىك بولغان كەسپىي ئورۇنلارنى خىراجەت بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىلمىي تەتقىقات سەۋىيىسى ۋە سەنئەت سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلار، دۆلەت سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سەنئەت مەكتەپلىرى، ئويۇن كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرى ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت تەشكىلاتلىرىغا ياردەم بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. پەن-مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋە ئىنقىلابىي يادىكارلىقلارنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئاكتىپ ئالغا سۈرۈش لازىم. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆستۈرۈش كېرەك.

تاشقى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئۆزگەرمەيدىغان تۈپ سىياسىتىدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. خەلقئارا قۇرۇلمىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشكىنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى زورايتىشىغا، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىسىنى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى، شۇنىڭدەك باشقا بارلىق پايدىلىق بىلىملەرنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئەينەك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشقا پايدىلىق. بۇ جەرياندا، ئۆزىمىزنىڭكىنى ئاساس قىلىش، ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىللىك تاشقى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى كەڭ قوبۇل قىلىش، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى دۇنياغا نامايان قىلىش لازىم. ئىككى خىل خاھىشقا دىققەت قىلىش كېرەك، بىر خىلى چەتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەھلىل قىلماي تۇرۇپ قارىغۇلارچە كىرگۈزۈپ ۋە قوبۇل قىلىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە پۈتۈنلەي غەربچىلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش؛ يەنە بىر خىلى، چەت ئەل

بىلەن ئالاقە قىلماي، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، چەتئەلنىڭ مەدەنىيىتىنى ھەممىشە چەتكە قېقىپ، ئۆزىنى دۇنيا مەدەنىيەتلىك ئەللىرىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز ھەم تەنقىد قىلىش ۋە مېغىزىنى تاللاپ، شاكىلىنى تاشلاش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، چەتئەلنىڭ مەدەنىيىتى ئىچىدىن پايدىلىق قىسمىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىشىمىز؛ ھەم مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، چەتئەلنىڭ مەدەنىيىتى ئىچىدىكى ھەر خىل چىرىك ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشىنى قەتئىي توسۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئېقىن-دەريالارنىڭ سۇلىرىنى قوبۇل قىلىسىمۇ لايىلىشىپ كەتمەيدىغان دېڭىزغا ئوخشاش، ئۆزىمىزنىڭكىنى يوقىتىپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا ھەممە ئېقىملاردىن پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز.

زىيالىيلار — ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى، ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا. ئۇلار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى تايانچ كۈچلەر. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، زىيالىيلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆز سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، تەربىيىلىگۈچى بولۇپ چىقىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن تەربىيىلەنگۈچى بولۇشى كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق، ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق چېنىقىش ئارقىلىق، ئىلغار ئىدىيىنى تارقاتقۇچىلاردىن، پەن-تېخنىكىدا يول ئاچقۇچىلاردىن، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق پۇقرالارنى يېتىشتۈرگۈچىلەردىن ۋە ئېسىل مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن بولۇشقا تىرىشىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ ئىقتىساد، سىياسەت بىلەن ئوخشاش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئوبدان رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى ئالدى بىلەن كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، بىلىملىك، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان، سىياسەت بويىچە ئىش قىلىدىغان كەسىپ ئەھلىلىرىدىن بولۇپ چىقىشى كېرەك. سىياسەتنى، پەن-تېخنىكىنى، مەدەنىيەتنى ئېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەشكە، زىيالىيلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئاكتىپلىقنى قوزغاشقا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش سەنئىتىنى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ماھىر بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى بەش مىڭ يىللىق شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ مۇشۇنداق چوڭقۇر تارىخىي مەنبەسى بولغانلىقى، يەنە كېلىپ ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىگە يىلتىز تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت سەھنىسىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇر چاقنىتىشى مۇقەررەر. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي

كومىتېتىنىڭ ئەترىپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستىگە تايانساقلا، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش بىلەن بىرگە چوقۇم گۈزەل جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ زور تېگىشلىك تۆھپە قوشالايمىز.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت
رىسالەت ئابلا
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقى مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن ئومۇمىي بايان

**جۇڭ شېڭ، چېن جىن**

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭىيىشى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت بولۇپ قالدى. كىشىلەر شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقى مەسىلىسىگە ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بۇ ھەقتىكى گەپ-سۆزلەر بىرقەدەر كۆپ بولدى. تۆۋەندە نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ يېقىنقى مەزگىلدە شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقى مەسىلىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقى مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلاردا، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىنىڭ ئورتاق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسە، دېگەن كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە رايونلار ئارا تەكشى تەرەققىي قىلدىغان ئىقتىساد ئەندىزىسىنىڭ ئورنى شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسى تەرىپىدىن ئېلىنىپ، ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان شەرقىي-جەنۇبىي دېڭىز بويى رايونلىرىغا جايلاشقان سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىي رايون، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنى تۇتاشتۇرىدىغان ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلاپ ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلىدىغان ئوتتۇرا ئىقتىسادىي رايون ۋە بايلىقنى ئېچىش ئاساس قىلىنغان بايلىق تىپىدىكى غەربىي ئىقتىسادىي رايوندىن ئىبارەت شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي ئۈچ چوڭ ئىقتىسادىي بەلۋاغ شەكىللىنىپ قالدى، شەرقىي رايونلار جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى ۋە سىياسەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىدىن شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي ئاساسى كۈچلۈك بولۇش، پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بولۇش، سىرتقا ئېشىكنى ئېچىۋېتىشنى بالدۇر ھەم يۇقىرى سەۋىيىدىن باشلىغان بولۇش قاتارلىق ئەۋزەل شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىراقلا تېز تەرەققىي قىلىش يولىغا چۈشتى، بۇنىڭ بىلەن شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرق بارا-بارا چوڭىيىپ كەتتى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مەملىكىتىمىز ئومۇمىي جەھەتتە رايونلار

تەكشىسىز تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈپ، شەرقىي دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش پرىنسىپىنى نامايان قىلدى. لېكىن بۇ خىل رايونلار تەكشىسىز تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى زىددىيەتلەرنىمۇ كەسكىنلەشتۈردى. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەسلىدىكى رايونلار ئىش تەقسىماتى ئەندىزىسى بۇزۇپ تاشلاندى، يېڭى ئىش تەقسىماتى ئەندىزىسى تېخى بەرپا قىلىنمىدى. ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى بەزى رايونلار يەرلىك مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن رېئال شارائىتقا قارىماي باھاسى يۇقىرى، پايدىسى كۆپ بولغان پىششىقلىما سانائەتنى قارىغۇلارچە راۋاجلاندۇردى، بايلىق مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا چىقىرىشنى توسىدى، بۇنىڭ بىلەن تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى ئوخشاپ قېلىشقا يۈزلىنىپ، رايونلارنىڭ ئىش تەقسىماتىدا يېڭى ناมۇۋاپىقلىق مەسىلىسى كېلىپ چىقتى؛

(2) مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر پۈتۈن بازار سىستېمىسى تېخى شەكىللەنمىدى، رايونلار بازارلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشى تولىمۇ ئارقىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىر تەرەپتىن مەبلەغ، ئەمگەك كۈچى قاتارلىق بايلىق مەنبەسىنىڭ رايونلار ئارا يۆتكىلىپ تۇرۇش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك قورۇقچىلىق، رايونلار بۆلۈنمىچىلىكى، رايونلارنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش ھوقۇقى كېڭىيىۋاتىدۇ. تەكشىسىز تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى بىلەن شەرقىي-غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى شەرقىي-غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرقىنىڭ بارغانسېرى زورىيىپ كېتىشىگە تۈرتكە بولدى.

بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ چوڭىيىۋاتقان پەرقى ماھىيەتتە ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش جەھەتتىكى پەرقتۇر. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىللە كېلىدىغىنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىللە كېلىدىغىنى ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى ماھىيەتتە شەرقىي رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا غەربىي رايونلارنىڭ ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش جەھەتتە پەرقى بولغانلىقىدىندۇر؛

(1) مەملىكىتىمىزدە بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈلۈشى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بايلىقنىڭ تەقسىم قىلىنىشى بارغانسېرى بازار ئارقىلىق بولىدىغان بولدى، شەرقىي رايونلاردا بازار ئىگىلىكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ ئەۋزەل شارائىتى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈرلۈك بايلىقلارنى جەلپ قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە تارىخىي ئامىللار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي پەرقى تېخىمۇ چوڭىيىپ بارىدۇ. شەرقىي

رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئىپادىلىنىشى غەربىي رايونلارنىڭ بازارلىشىش دەرىجىسىنىڭ شەرقىي رايونلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئارقىدا قالغانلىقى، غەربىي رايونلارنىڭ ئىسلاھاتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدىن ئىبارەت؛

(2) ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مەلۇم باسقۇچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە باشلىنىش نۇقتىسى ئوخشاش ئەمەس، بازارلىشىش دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، شەرقىي رايونلار ئۆزگىرىش سۈرئىتى تېزلەۋاتقان مەزگىلدە تۇرماقتا، غەربىي رايونلار بولسا ئۆزگىرىش باشلىنىۋاتقان مەزگىلدە تۇرماقتا. غەربىي رايونلارنىڭ پەن-تېخنىكىسى قالاق، مەبلىغى قىس بولۇپ، ئەرزان بايلىق ۋە ئەمگەك كۈچىنى ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ تۈۋرۈكى قىلغاچقا، ئېشىش سۈرئىتى شەرقىي رايونلارنىڭكىدىن تۆۋەن.

تېخىمۇ چوڭقۇر يورگۈزۈلگەن تەھلىللەر شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە ئارقىدا قېلىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوبيېكتىپ سەۋەبى بار. بولۇپمۇ غەربىي رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنىڭ ناچار بولۇشى، تەبىئىي شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشى، جۇغراپىيىلىك شارائىتىنىڭ يېپىق بولۇشى غەربىي رايونلارنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە زور تەسىر كۆرسەتتى؛ شەرقىي، ئوتتۇرا رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، غەربىي رايونلارنىڭ تۆمۈريول، تاشيول، ئاۋىئاتسىيە، پوچتا-تېلېگراف قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئارقىدا قالغان، قاتنىشى راۋان ئەمەس، ئۇچۇرنىڭ تارقىلىشى تېز ئەمەس، مەبلەغنى جەلپ قىلىش كۈچى ئاجىز، بۇمۇ غەربىي رايونلارنىڭ بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى بىرقەدەر ئارقىدا قالغانلىقى ئۈچۈن، غەربىي رايونلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان نامرات ۋە قالاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن ئۇششاق دېھقانلارغا خاس قىممەت قارىشى، مۇتەئەسسىپلىك، سودىغا سەل قاراش، ئالغا ئىنتىلمەسلىك ئېڭى شەرقىي رايونلارغا قارىغاندا زەربىگە ئازراق ئۇچرىدى، بۇنىڭ بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئادەم كۈچى ساپاسى نىسبەتەن تۆۋەن ھالەتتە قالدى. مۇشۇنداق خىلمۇخىل ئەھۋاللار غەربىي رايونلارنى ئۇزاقتىن بۇيان چەكلىك سېلىنما بىلەن مۇناسىپ مەھسۇلاتقا ئېرىشەلمەيدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن، جۇغلانما توپلاش ئىقتىدارى ئاجىز، تەرەققىيات ئىقتىدارى يېتەرسىز بولغان ھالەتتە تۇرغۇزۇپ كەلدى.

شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق گەرچە مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى داۋامىدا كۆرۈلگەن پەرق بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك بىردەك ھالدا مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقى مەسىلىسىنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە جىددىيلىكىگە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ، بۇ مەسىلە ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ھەتتا نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا زىيان سالىدۇ. مەملىكىتىمىز يەر مەيدانى كەڭ، شۇنداقلا كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساسەن غەربىي رايونلارغا تارقالغان. شەرقىي

رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنىڭ زىيادە چوڭىيىپ كېتىشى پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىش نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز. شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەڭكەش تەرەققىياتى بولمىسا، مەملىكىتىمىزنى ھەقىقىي گۈللەندۈرۈش، قۇدرەت تاپقۇزۇشنى، پۈتكۈل مىللەتلەرنى ئورتاق بېيىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ.

شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىملار نۇرغۇنلىغان سىياسەت خاراكتېرلىك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

1. رايونلار پەرقىنى كىچىكلىتىشتە، مۇھىمى، غەربىي رايونلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشى كېرەك. بازار ئىگىلىكى رىقابەتلىك ئىگىلىك، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىگىلىك، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا دۆلەتنىڭ بىرەر رايونغا مۇتلەق، ئۇزاق مۇددەتلىك بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا شەرقىي رايونلارنىڭمۇ ئارقىدا قالغان رايونلارغا ھەقسىز، شەرتسىز ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تەرەققىيات ۋە ئۈنۈمنى كۆزلەيدىغان گەپ. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىشتە، دۆلەتنىڭ سىياسەت جەھەتتىن يۆلىشىگە، شەرقىي رايونلارنىڭ تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، غەربىي رايونلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تايىنىش لازىم.

2. غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش كېرەك. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا، بازار سۇبيېكتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، بازار ئوبيېكتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بازار دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بازار مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە بازار تەرتىپىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق بىرنەچچە جەھەتلەردىن تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. بازار سۇبيېكتىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە، ئادىل بولۇش ۋە كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى تولۇق نامايان قىلىپ، مېخانىزمنى ئالماشتۇرۇش، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق بىرنەچچە مۇھىم ھالقىنى مەھكەم تۇتۇش لازىم؛ بازار ئوبيېكتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە، ھەقىقىي تۈردە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى بويىچە بايلىقنى مۇۋاپىق تەقسىملەش، تەرەققىياتنى تېزلىتىشتىكى تۈتۈش قىلىش نۇقتىسىنى توغرا تاللاش لازىم؛ بازار دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە، خەلقئارا بازار بىلەن ئىچكى بازاردىن ئىبارەت ئىككى بازارنى ئېچىپ، خەلقئارادىكى بايلىق بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى بايلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئېچىۋېتىش تېزلىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم؛ بازار مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىل بولۇشقا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىنى نامايان قىلىپ،

ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى ئىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم؛ بازار ئەرتىپىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە، بازار ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى ئىقتىسادنى بەرپا قىلىش نىشانىغا قاراپ ئىرىشىش لازىم.

3. تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش غەربىي رايونلارنىڭ ئىشكىنى سىرتقا ۋە ئىچكە ئېچىۋېتىش قەدىمىنى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بولغان تۈرتكىلىك رولى مەركەزلىك ھالدا ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىش، يەنە بىرى، مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش. غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىپ، تازا ئۈنۈملۈك بولغان ھۆكۈمەت ئايلىنىش مېخانىزمى ۋە كارخانا ئايلىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشتا.

4. غەربىي رايونلاردا ئىقتىسادىي يۈكسىلىش زونىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئالاھىدە رايون تەسىرىنى قايتا نامايان قىلىش لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شەرقىي-جەنۇبىي دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ئوچۇق شەھەرلەر، ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرى ۋە ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلار رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يۈكسىلىش زونىلىرى بولۇپ شەكىللىنىپ، شەرقىي-جەنۇبىي دېڭىز بويى ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا باشلامچى بولدى. غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ماھىيەت خاراكتېرلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، شەرقىي-جەنۇبىي دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، يېڭى يۈكسىلىش زونىسى بولۇش ئېھتىمالى بولغان بىرقانچە ”نۇقتا“لاردا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چەت ئەل مەبلەغلىرىنى ۋە شەرقىي رايونلارنىڭ مەبلەغلىرىنى مۇشۇ نۇقتىلارغا جەلپ قىلىپ، يېڭى ئىقتىسادىي يۈكسىلىش زونىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، غەربىي رايونلار-نىڭ ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

5. قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش لازىم. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقى كۆرۈنۈشتە ئېشىش سۈرئىتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرق بولۇپ ئىپادىلەنسىمۇ، چوڭقۇر قاتلامدىن قارىغاندا ئۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلما جەھەتتىكى پەرقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىشتە ئەڭ ئاساسلىقى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش لازىم. غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە، ئاساسلىقى ھۆكۈمەتنىڭ تەڭشەش-تىزگىنلەش كۈچى ئارقىلىق قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش، بازارنىڭ يېتەكلەش كۈچى ئارقىلىق قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئالغا سىلجىتىش، پەن-تېخنىكىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش كۈچى ئارقىلىق قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى يېتەكلەش

لازىم.

6. غەربىي رايونلارنىڭ ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش—شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئېچىۋېتىشكە موھتاج، بەلكى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىن ئېچىۋېتىشكە موھتاج. غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ بوشلىشى ئېغىزى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشتە، ھەر تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش، مۇھىم نۇقتىنى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە قويۇپ، چەتنىڭ مەبلىغى ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئېچىۋېتىشتىن مەقسەت ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ھەمكارلىششى ئارقىلىق شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئۆزىنى تولۇقلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، يوشۇرۇن ئەۋزەللىكنى تېخىمۇ تېز ئېچىپ ۋە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، بايلىق تەقسىماتىنى سەرخىللاشتۇرغىلى بولىدۇ.

7. ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم. بىرىنچى، كەسىپلەرنىڭ ھازىرقى بار بولغان ئۈستۈنلۈكىنى ئاساس قىلىپ، ئۈستۈنلۈكنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئالاھىدىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىگىلىك كەسىپلەشكەن ئىگىلىك بولۇپ، روشەن سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈككە ئىگە. كەسىپلەرنىڭ ھازىرقى بار بولغان ئۈستۈنلۈكىنى ئاساس قىلىپ، ئۈستۈنلۈكنى كېڭەيتىش—ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي يولى؛ ئىككىنچى، يوشۇرۇن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئاساس قىلىپ، ئۈستۈنلۈكنى قېزىش ئارقىلىق ئالاھىدىلىكنى يېتىشتۈرۈش لازىم. يوشۇرۇن ئۈستۈنلۈكنى قېزىش ئارقىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسىپلەرنى يېتىشتۈرگەندە، ئۇنى ئىلگىرى بار بولغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىگىلىكنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، يېڭى يېتەكچى كەسىپكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ”ئىككى بازار“غا يۈزلىنىش، ”ئىككى خىل بايلىق“تىن پايدىلىنىش، ئۈستۈنلۈك ئارقىلىق يېڭى ئالاھىدىلىكنى يېتىشتۈرۈش لازىم. ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىگىلىك ئۆزگەرمەيدىغان، ئىستىخىيىلىك شەكىللەنگەن ئەمەس، يۇقىرى سەۋىيىدە ئېچىش ۋە يېڭى كەسىپلەرنى كىرگۈزۈش يولى بىلەنمۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىگىلىكنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئەتقىقات ئىسپاتلىدىكى، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا گەرچە قىيىنچىلىق كۆپ بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۈستۈنلۈككىمۇ ئىگە. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق، غەربىي رايونلار يېتەرلىك مىقداردا مەبلەغ ۋە مەلۇم مىقداردا پەن-تېخنىكا كۈچى توپلىدى، ئۇنىڭدىن باشقا غەربىي رايونلارنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول بولغاچقا، رايون ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتى ۋە ئىشكىنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلىشى يەنە غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۇرسەت يارىتىپ بەردى. غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يولى توغرا بەلگىلەنسە، سىياسەت مۇۋاپىق بولسىلا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، شەرقىي رايونلار بىلەن بولغان پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلەتكىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: ج ك پ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ نەزەرىيە ئىدارىسىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت
خۇدابەردى خېلىل
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

02>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V　刊号:ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号:2－373　定价:2.40元　邮政编码 100013